
توختىهاجى روزى
ئابلىكىم روزى

# سۈيۈملۈك دۇنيا



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

توختىھاجى روزى
ئابلىكىم روزى



# سۆيۈملۈك دۇنيا

(شېئىرلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

可爱的世界:维吾尔文/托合提阿吉·肉孜,阿布里克木·肉孜著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.1
ISBN 978—7—5373—1619—4

Ⅰ.可… Ⅱ.①托…②阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 002621 号

责任编辑:阿吉米尔扎依提·克里木
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

# 可爱的世界
（诗集）

作者： 托合提阿吉·肉孜
阿布里克木·肉孜

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本　6.25 印张　1 插页
2008 年 1 月第 1 版　2008 年 1 月第 1 次印刷
印数:1—2580　定价:10.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

# نەشرىياتتىن

شائىر، يازغۇچى توختىهاجى ڕوزى 1943 - يىل 12-ئاينىڭ 23- كۈنى ئۈستۈن ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 - يىلىدىن 1958-يىلىغىچە باشلان- غۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1958 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1962 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە يەكەن، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلە- گەن. 1981 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

دوتسېنت توختىهاجى روزى 1959 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن، هازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 700 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 30 پارچىدىن ئارتۇق هېكايىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان، بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇ- چىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستىنى، 1986 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىيا- تى «زۇمرەت» ناملىق پوۋېست، هېكايە ۋە شېئىرلار توپ- لىمىنى نەشر قىلغان. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت

يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىر ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتا
زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلىدىن
1963 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قەشقەر پېداگوگىكا
مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1963- يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە
يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1975 - يىلى-
دىن 1980 - يىلىغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
زاۋۇتىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1980 - يىلى-
دىن 2003 - يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدە
مۇخبىر- مۇھەررىر، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى بولغان ھەمدە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىنى
ئالغان.

ئابلىكىم روزى 1962 - يىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەت
سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن
ئۆتكەن 45 يىلدىن بۇيان، ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتى
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «قارلىغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلى-
مىنى؛ 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئۈمىد
غۇنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى؛ 1994 - يىلى
«سەبىيلەر كۆلكىسى» ناملىق بالىلار يۇمۇرلىرى توپلىمى-
نى؛ 1998 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
«كىمـــنىڭ توغرا؟» ناملـــىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر
قىلغان. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىل-
مىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

## مۇندەرىجە

### توختىهاجى روزى


كەچمىشلەر ........ 3
كەچتە پۈتكەن شېئىرلار ........ 8
ئاي نۇرى ........ 8
يۇلتۇزلار ........ 8
سوئال ........ 9
تاغدا ........ 10
باھار كۈيى ........ 10
يەر ھەققىدە ناخشا ........ 12
ئىككى سوئال ........ 14
مېنىڭ مىزانىم ........ 16
مەن دەيمەنكى ........ 17
ۋاقىت ........ 18
ئىز ........ 19
يول ھەققىدە ناخشا ........ 20
باھاردىن كەلگەن تۇيغۇلار ........ 23
تەبىئەت ۋە ئىنسان ........ 26
ئېقىن تۇيغۇسى ........ 28
بىر «شائىر»نىڭ «تەنتەنىسى» (ساتىرا) ........ 30
ئىناقلىق كۈيى ........ 35
يۇرت قوشىقى ........ 38

لاله ........ 40
زۇننار ........ 42
پارچىلار ........ 43
كۆز لىرىكىسى ........ 45
ھاياتىمنى سۆيۈپ ئۆتىمەن ........ 49
دەۋر كۈيى ........ 51
ئايدىڭ كېچە ........ 53
ماكانىم بار تەڭرىتاغ ئاتلىق ........ 55
سۆيۈملۈك دۇنيا ........ 57
مەن — مۇئەللىم ........ 63
مۇئەللىمە ........ 68
ساياھەت نەزمىلىرى ........ 71
فونتان ........ 71
ئالمىزاردا ........ 73
خورما كۈيى ........ 75
پىرامىدا ئالدىدا ........ 76
نېمانچە ئاتلىق بۇ مېۋە ........ 78
مەن دېڭىزدا ........ 80
ۋەتەن ........ 81
ئىلىم مارشى ........ 82
ئۇستاز قوشىقى ........ 83
ئابلىكىم روزى ........
شەرەپ تۇيغۇسى ........ 87
گۈلدەستە ........ 89
ئىمتىھان ........ 90
رېستورانغا بارمايچۇ، ئانا (بالىلادا) ........ 91

«كىچىك مۇخبىر» دېگەن نام ........ 98
گالستۇكنى سۆيۈڭلار ........ 100
ساۋاقداشلار ناخشىسى ........ 102
قاناتلاندۇق ........ 104
مېھىر - شەپقەت دەرياسى ........ 105
كومپيۇتېر ئۆگەندىم ........ 107
ئەپۇ قىلىش ياخشى ئىش ........ 108
يىغلىمىغىن ئەي بالا ........ 110
چوڭ بولغاندا ........ 111
ئەقىدە ........ 112
گالستۇك ........ 114
قار ناخشىلىرى ........ 115
قاردەك ئاپئاق كۆڭلىمىز ........ 115
ئاق گۈللەر ........ 116
قار سۈرىتى ........ 116
بېرەيلى سالام ........ 117
قارلىق ........ 118
«ئەزىز مېھمان»لىبا ........ 119
گۈلخۇمار قىز، دىلخۇمار ........ 120
چوڭ دادام ۋە چوڭ ئانام ........ 122
دوستلىرىم كۆپ ........ 125
يىغلىمايمەن ........ 127
توزۇماس گۈل - چېچەك بىز ........ 128
مېيىپ ئۆسمۈرلەر ناخشىسى ........ 129
تازىلىقنى سۆيگەنلەر ........ 130
ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى ........ 131

مائارىپ ........ 132
ئاياللار ........ 134
سەنئەتكارلار شەنىگە ........ 136
يىقىلغاندا ........ 138
ۋاپاسىز ئوغۇل ........ 140
تەرجىمان ........ 142
ئۇيغۇر تىبابىتى ھەققىدە مۇخەممەس ........ 144
دېگىنىنى قىلساقمۇ ئۇنىڭ ........ 146
ئېشىپ كېتىشلار ........ 148
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن ........ 150
قەسەم ئىچكۈچە ........ 152
تەكشۈرۈش تۈگەپ ........ 153
ساقايغان كېيىن ........ 154
مەلۇم كىشىگە ........ 155
غەيرىي جاۋابقا ........ 156
يېقىملىق ئاۋاز ........ 157
ئەرنىڭ شەرتى ........ 158
كىمكى كۆپ تىل ئۆگەنگەن بولسا ........ 159
ناخشا تېكىستلىرى ........ 160
قىزلار سۆيگۈسى ........ 160
سەيلە ........ 160
ۋەتەن ئوغلىمەن ........ 161
سۇ ئىچتى كۆڭۈل باغى ........ 162
ئاق خالاتلىق پەرىشتە ........ 162
يات ئادەم يوق جاھاندا ........ 163
كۈيلىرىمىز چاچقۇ چاچار تىللاردىن ........ 164

پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا مەدھىيە ........................ 166

ئانا مەكتەپ تويىغا ........................ 168

ئىككى پارچە ........................ 170

گۈل - چېچەكلەر دېڭىزى ۋەتەن ........................ 171

قۇربان ھېيت كەلدى ........................ 172

بولماسمۇ؟ ........................ 173

پېشقەدەم ئەدىبلەر ھۆرمىتىگە ........................ 174

نەسىھەت ........................ 176

يالغۇز ئەمەسمەن ........................ 177

ئاشپەزلەر ناخشىسى ........................ 178

ھېسداشلىق ........................ 179

تاموژنا خادىملىرىغا ........................ 180

بېلەت ساتقۇچى قىزغا ........................ 182

شائىر ۋە شېئىر ........................ 184

خاسىيەتلىك توي بىلەن ........................ 186

ئانجان مەكتەپ ........................ 187

70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك ........................ 189

توختىھاجى روزى

# سۆيۈملۈك دۇنيا

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

حزين بجلسية

# ليْنوْء شاقْله فيْقسا

# كەچمىشلەر

يىللار،
زەپمۇ تېز ئىكەن سېنىڭ قەدىمىڭ،
ماڭىدىكەنسەن زادى توختىماي.
ساڭا قاراپ،
ئۆمرۈمنى ئويلاپ،
قەدىمىڭدە قالغان تەشۋىشىم.
ساڭا كىممۇ تەڭلىشەركىنە؟
بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالماي،
ئۆتۈپ كەتتى نەچچە ئون يېشىم.
ئاخىر بۈگۈن،
چىقارغاچقا ئەقلىم خۇلاسە،
جاۋاب بولدى بۇڭا كەچمىشىم.

**1**

يىللار،
مېنىڭ جىسمىم،
قېلىشمىغان سېنىڭدىن قىلچە،

ھەتتا
ئېشىپمۇ كەتكەنىدى ئالدىڭغا.
باسقان ھەربىر قەدىمىڭ،
ساقال
قورۇق
ۋە قار - قىروئى
قىلغانىدى سوۋغات ئۇنىڭغا.
ئالغا ماڭسام كەينىمگە كەتكەن،
تاپالمىغان راۋاج ھېچ ئىشىم،
بۇمۇ مېنىڭ ئۆتمۈش كەچمىشىم.
مەنىسىنى بۇنداق يەشمىشىم؛
كونىلار ئېيتقاندەك:
بۇ — ئۆمرۈمنىڭ،
چۈشتىن بۇرۇنقى،
ۋاقتى ئىدى -- تۈنجى ئاش پىشىم...

2

شۇنداق،
جىسمىم ئۆمرۈمنى يۇدۇپ،
كەتكەنىدى يىللاردىن ئۆتۈپ،
مەزگىلسىزلا خېلى يىراقتا.
بىلمىگەنتىم ئۇچاغ سەۋەبنى،
بىلىۋالدىم بۈگۈن بەك ئېنىق،
ئۇ چاغ،

قۇرۇق جىسمىم،
قۇرۇق سۆلىتىم،
ماڭغان بىلەن سىنىق ئالدىڭدا؛
قالغانىكەن،
ئەقلىم،
پەمىم،
ئىرادەم،
بەك نېرىدا — بەكمۇ ئارقاڭدا.
مەنىسىز بوپ قىلمىش - ئەتمىشىم،
ئاقمىغانىكەن شۇڭلاشقا ئىشىم،
ئەقىل بىلەن،
ئىرادە بىلەن،
ئادەم — ئادەم ئىكەن،
چۈشەندۈردى بۈنى كەچمىشىم.
نىيەت قىلدىم،
مېهنىتىم بىلەن
يىللارنى قەرزدار قىلىمەن،
باشلاندى شۇندىن ئۈچۈش - ئۆرلىشىم.
يوقالدى،
كەتتى كەلمەسكە
هايات يولۇمدىكى ئۈيقۇ - مۈگدىشىم.
بىلىمەن،
ۋاقىت قەدرىگە يەتكەنلەرگە،
ئۆمۈر ئۈچۈن

خېلى ئۇزاق
چۇش بىلەن پېشىن.

3

كەلدىم ئەمدى ئوتتۇرا ياشقا،
بۇ — ئۆمرۈمنىڭ چۇش مەزگىلى—
نەۋقىران دەۋرى،
ئەپسۇسلىنىپ كەچمىشلىرىمگە
چەكمەيمەن ھەسرەت،
چۇنكى،
بوشاڭلىققا ھەسرەت دېگەننىڭ
كەلمەيدۇ رەھمى.
ئۆمرۈم
خۇددى كۆلگەن باھار - ياز،
ئەقىل - كۈچكە تولدى ئۇ راسا،
شۇنىڭدىن كېلۇر قىممىتى - قەدرى.
ھازىر
يىللار ئۇنى ئەمەس،
ئۇ يىللارنى قېرىتىدۇ،
ئارقىغا تاشلايدۇ.
يىللار ئۇنىڭغا ئەمەس،
ئۇ
يىللارغا يول باشلايدۇ،
ئۇ بىلىدۇ:

پەقەت،
ئىنسان — ھەممىگە قادىر!
بەخت، غەلىبە،
مەرد - باتۇرغا خاس.
ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيدۇ بوش،
يىلدا
ئەسىرلىك ئىشلارغا قۇرىدۇ ئاساس.
جاكارلايمەن شۇڭلاشقا مەغرۇر:
ئەقىل - ئىدراك — تۈگىمەس بايلىقىم،
ئىشەنچ - ئارزۇ — غالىب بايرىقىم.
قۇرۇق گەپلەر ھامان دۈشمىنىم،
خام خىياللارغا بەرمەيدۇ ئورۇن،
قىرو كۆرگەن مېنىڭ بۇ بېشىم.
بۇ — مەن چىقارغان
كەچمىشىمگە لايىق يەشمىشىم.

1987- يىلى، ئۈرۈمچى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com